سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسى

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان بىرىنچى ئۆلكە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيەلىك جاي — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. 1965 - يىلغا كەلگەندە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا قۇرۇلغان ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى قوشقاندا، دۆلىتىمىزدە جەمئىي بەش مىللىي ئاپتونوم رايون قۇرۇلدى.

بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت رامكىسى ئىچىدە مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش يېڭى جۇڭگونىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئورتاق پروگراممىسى» لايىھەسىنى تەييارلىغان چاغدا، دۆلىتىمىزدە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقى، ھەرقايسى مىللەتلەردە «چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان» ئالاھىدىلىك كۆرۈلگەنلىكىنى ئويلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىزدە مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

«ئورتاق پروگرامما»دا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگراسى ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر، ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش... يولغا قويۇلۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دوستانە ھەمكارلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندى» «ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار چوقۇم مىللىي رايون ئاپتونومىيەسىنى يولغا قويۇپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ قانچىلىكلىكى ۋە رايونىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۈرلۈك مىللىي ئاپتونومىيەلىك ئورگان قۇرۇشى كېرەك». 1952 - يىلى 2 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيەسىنى يولغا قويۇش تېزىسى»نى ماقۇللاپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە مەمۇرىي ئورنى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى ۋە بىر يۈرۈش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللىي سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى كۆچمەن چارۋىچىلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئولتۇراقلىشىپ مەدەنىي، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇۋچىلىق قىلىپ كەلگەن ئورونچونلار ئولتۇراقلىشىش ئورنى قۇرۇپ، خۇشال - خۇرام ھالدا يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. ئۇزاق مۇددەت قەددىمي ئورمانلىقنى ماكان، ھايۋانات تېرىسىنى يېپىنچا قىلىپ، ياۋا مېۋىلەر بىلەن ئاچلىقنى بېسىپ، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن كۇسۇڭلار ئورمان دېڭىزىدىن چىقىپ، ماكانلىشىپ ئولتۇراقلاشتى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى 1950 - يىلى 11 - ئايدا «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھەسى» ۋە «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنى تەييارلىق قىلىپ قۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. 1951 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدە رەسمىي ئوقۇش باشلاندى، ھەرقايسى جايلارمۇ مىللىي شۆيۈەنلەرنى قۇردى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قەدەم قويدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشچانلىقىدا، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شەكىللىنىشكە باشلاپ، مىللىي رايونلارنىڭ جەمئىيىتى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىدە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملاندى

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

1956 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، بېيجىڭنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تيەنئەنمېن مەيدانىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. ماۋ زېدوڭ ۋە مەركەزدىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى پېڭ جېن يىغىندا مۇنداق جاكارلىدى: بىزنىڭ پايتەختىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىردى. جۇڭگو زېمىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پانۇسلار، لېنتىلار ئېسىلىپ، داقا - دۇمباق ئاۋازى كۆككە ياڭراپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ غەلىبىلىك تاماملانغانلىقى تەبرىكلەندى.

سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش جۇڭگو خەلقىنىڭ تارىخىي تاللىشى. 1953 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەننى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. باش لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. يېزا ئىگىلىكى ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى، تۆۋەن دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن ئىبارەت بىر قانچە باسقۇچنى بىردەك باشتىن كەچۈردى؛ قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، قول سانائەت تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن ئىبارەت بىر قانچە باسقۇچنى بىردەك باشتىن كەچۈردى؛ كاپىتالىستىك سودا - سانائەت تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت كاپىتالىزمى شەكلى (بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ھۆددە ئېلىپ سېتىش، پىششىقلاش، زاكاز قىلىش) دىن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت كاپىتالىزمى شەكلى (ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى) گە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشتىن كەچۈردى.

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا ھەم ئۇ تاماملانغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «تۆت ئات بويىچە ئوغۇت بۆلۈش» ۋە مۇقىم ئۆسۈم تۆلەش ئۇسۇلىنى تىنچ يول بىلەن سېتىۋېلىشنىڭ بەدىلى قىلىپ، خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرگە 3 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك پۇل تۆلەپ بەردى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئۇسۇل مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قاتناشقان دېھقان ئائىلىلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ %96.3 دىگە يەتتى؛ ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى قول سانائەت خادىملىرى بارلىق قول سانائەت خادىملىرىنىڭ %91.7 نىنى ئىگىلىدى؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى خۇسۇسىي سانائەتچىنىڭ %99 ى، خۇسۇسىي سودىگەرنىڭ %82.2 ى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى ياكى ھەمكارلىق كوپېراتىپى يولىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت، كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن يېڭى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈلمە، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ بارلىق تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىگە تۈزۈم ئۇلى سالدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرىنىڭ باش تېما تەربىيەسىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ھەقىقىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن ھەر مىللەت كادىرلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك، خەلق رازى مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى باش لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» باش تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جىپسىلاشتۇرۇش، بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئۆگىنىش - تەربىيەنى قانات يايدۇرۇشتا دىققەتنى ئىدىيەدىكى نېگىزلىك مەسىلىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي تەدبىر تۈزۈپ، مەسىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشتە ئادەمنى كۆرۈپ، ئىشنى بىلىپ، ئىدىيەنى تونۇپ، تۈزىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئاخىرغىچە تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرستىش يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن كۈچەپ ساقلىنىپ، كۆرسەتكۈچنى قاتلامۇقاتلام ئۆستۈرمەسلىك، بەزى كادىرلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ھەر مىللەت ئامما دىققەت قىلىۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقان مۇھىم ھەم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇقىم، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

# چەيخېيەن ئۇرۇش قەھرىمانلىرى تۈپى: يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئارىسىدا تەۋەلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى جيېڭ) تېيلىڭ شەھىرى لۇڭشۇشەن تېغىدا، ئالتە قەھرىمان ساقچى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلگەن كىشىلەر ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ، ئۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر قېتىملىق ساقچى - باندىت ئېتىشىشى — چەيخېيەن ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن كىشى قەلبىنى ئېچىندۇرىدىغان جەڭ قىلىش ۋە قۇربان بېرىش ئىدى.

40 يىلنىڭ ئالدىدا، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ تېيلىڭ شەھىرى چەيخېيەن كەنتىدىكى دۆلەت يولى 102 - لىنىيەسى بويىدا، تېيلىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تاپانچا، پىلىموت، گىرانات ئىشلىتىپ ھەم تانكىنىڭ ياردىمىدە ئىككى قاراقچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، تەۋەلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغان. ئۇرۇشتا بەش خەلق ساقچىسى ۋە بىر قانۇن ساقچىسى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

1979 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، قوراللىق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئىككى ئەر، بىر ئايالدىن ئىبارەت ئۈچ گۇماندار ئىككى تولۇق ئاپتوماتىك مىلتىق، 5000 پاي ئوقنى ئېلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تېيلىڭ تەۋەسىگە قېچىپ كىرگەن. تېيلىڭ ساقچى تەرەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇپ تۇتۇشقا دەرھال ساقچى كۈچى تەشكىللىگەن، ساقچى تەرەپ جەمئىي بەش قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا نۇقتىلىق بۆلەكلەردە توسۇشقا ئاتلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېيلىڭ، كەيۈەن، چاڭتۇ قاتارلىق ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىمۇ ۋوگزال ۋە مۇھىم قاتناش يوللىرىنى تېزلىكتە كونترول قىلغان.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قوماندانلىق ئىشتابى بىر مۇھىم ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالغان، تېيلىڭ ناھىيەسى پىلڭ شياڭباۋ گۇڭشېسى توشۇش پونكىتى چوڭ ئەترىتى نىشانىنىڭ ئىز - دېرىكىنى بايقىغان بولۇپ، قوماندان قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تېز سۈرئەتتە توشۇش پونكىتى چوڭ ئەترىتىگە يىغىلغان ھەمدە ئىككى يولغا بۆلۈنگەن، بىر يول، چەيخېيەن كەنتىگە كىرىپ ئۆيمۇئۆي ئاختۇرغان، يەنە بىر يول، خاربىن - داچىڭ تاشيولىنى بويلاپ يول بويى قوغلىغان. قوغلاپ تۇتۇشقا قاتناشقان خەلق ساقچىلىرى تاشيول بويىدا گۇمانلىق كىشىلەرنى تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايال گۇماندارنى بايقىغان ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتقان. قوماندان بىر گۇرۇپپىنى ئايال گۇماندارنى سوراق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرما قىلغان، قالغان ساقچى كۈچلىرى تاشيول، تۆمۈريولنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ ئاختۇرۇپ، قالغان ئىككى ئەر گۇماندارنىڭ تۆمۈريولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئېتىزلىققا كىرىپ داۋاملىق قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

سائەت 9دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، تېيلىڭ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 4 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جۇ دېجۈن قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، تاشيولنىڭ شەرقىي تەرىپىنى بويلاپ يول بويىدىكى دەرەخزارلىقنى ئاختۇرۇپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ئىككى ئەر گۇماندار تۇيۇقسىز يېقىنلا يەردىكى قويۇق تۇخۇمەكلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاپتوماتىك مىلتىق بىلەن تەلۋىلەرچە ئوققا تۇتقان.

گۇماندارلار مول ھەربىي مەشىق تەجرىبىسى ۋە قارىغا ئېتىش ئاساسىغا ئىگە بولغاچقا، ئىككى ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ شىددەتلىك ئوت كۈچىدىن ھاسىل بولغان يامغۇردەك ئوقلار ئۇلارنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىكى ساقچىلارغا تەگكەن. ئەترەت باشلاپ ئالدىدا مېڭىۋاتقان جۇ دېجۈن شۇ چاغدا ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا تېزلىكتە تاپانچىسىنى چىقىرىپ ياتقان يېرىدە قايتۇرما زەربە بەرگەن، يەنە باش قىسمىغا ئوق تېگىپ، نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇ جىنفا جىنايەتچىنى بايقىغان بىرىنچى ۋاقىتتا، سەپدىشىنى ھىمايە قىلىپ ياتقۇزۇپ قويغان ھەم قورالنى كۆتۈرۈپ قايتۇرما زەربە بەرگەن، ئۇدۇلدىن كەلگەن ئوق تېگىپ يىقىلغان، بەدىنى ئېغىر يارىلانغان. تاشيولنىڭ شەرق تەرىپىنى ئاختۇرۇۋاتقان تەھقىقلىگۈچى ۋاڭ شۆبەي جىنايەتچى تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ تاشيولغا يىقىلغان.

تۆت تەرەپتىن ئىزدەۋاتقان ساقچى كۈچلىرى ئاۋازنى ئاڭلاپ يىغىلغان، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى بېسىمىدا قوراللىق ئىككى گۇماندار بىلەن يول ئايرىپ تىركەشكەن ھەم ئادەتتىكى ئالدىنقى سەپ ئىستىھكامى قۇرۇپ، سىرتتا قورشاۋ چەمبىرىكى ئورۇنلاشتۇرغان. دۈشمەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 - 30 مېتىرلا كېلىدىغان تىركىشىش جېڭىدە، ساقچى تەرەپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۆزئارا مۇھاپىزەت قىلىپ، گۇماندارلارنى ئوققا تۇتقان. ئىككى گۇماندار بايقاش قىيىن قويۇق تۇخۇمەكلىككە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، يەر شەكلى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن، دۈشمەن يوشۇرۇن، بىز ئاشكارا بولغاچقا، تاپانچىدا ئوققا تۇتۇشنىڭ ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمىغان، قوماندانلىق ئىشتابى شۆبە ھەربىي رايوندىن دەرھال ئىككى ساندۇق گىرانات يۆتكەپ كەلگەن. ساقچى تەرەپ بىر تەرەپتىن تاپانچىدا ئوققا تۇتقاچ، بىر تەرەپتىن گىرانات ئارقىلىق قىستىغان.

ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچى ئاپشاركىسىنى كوندۇرۇش يېتەكچىسى لى چاڭخۇا دۈشمەنگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ئۆمىلىگىنىچە ئوق - دورا يەتكۈزۈپ بەرگەن. لى چاڭخۇا قولىنى كۆتۈرۈپ گىرانات ئېتىۋاتقاندا، كۆتۈلمىگەندە ئوق تېگىپ، قان ئىچىدە يىقىلىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەرزىيەت قوبۇل قىلغۇچىسى شاڭ چى بىر يىل ئىلگىرى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن جەڭچى بولۇپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن ھەربىي قابىلىيىتىگە تايىنىپ، ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتكەن، قارشى تەرەپنىڭ ئوت كۈچىنى بېسىقتۇرۇپ سەپداشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇ گىرانات تاشلاۋاتقان شۇ پەيتتە بېشىغا ئوق تېگىپ، ئالدىنقى سەپ ئىستىھكامىدا قۇربان بولغان. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ساقچىسى شەن شىڭجۈ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ساقچى - باندىت ئېتىشىشى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كەسپىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆزلۈكىدىن جەڭگە قاتناشقان، بەختكە قارشى بېلىگە ئوق تېگىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن قۇربان بولغان. ھالبۇكى، مۇھاپىزەت قىلىنىپ قۇتقۇزۇپ چىقىلغان شۇ جىنفامۇ يارىسى بەكلا ئېغىر بولغانلىقتىن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

قىسقا ئەمما شىددەتلىك دوقۇرۇشما جەڭدە بەش خەلق ساقچىسى، بىر قانۇن ساقچىسى يىقىلغان. تېخىمۇ زور ئۆلۈش - يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ۋاقىتلىق قوماندانلىق ئىشتابى تانكا يۆتكەپ ياردەم بېرىش ھەققىدە يوليورۇق سورىغان. چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەردە، ساقچى تەرەپنىڭ شىددەتلىك ئوت كۈچى ھۇجۇمىدا، گۇماندار لىن X باشقا كەلگەننى كۆرۈش نىيىتىدە دەلدەڭشىگىنىچە تاشيولغا سەكرەپ چىقىپ ئەسەبىيلەرچە ئوق چىقارغان ھەم قېچىشقا ئۇرۇنغان، ساقچى تەرەپنىڭ زىچ ئوققا تۇتۇشىدا نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. يەنە بىر گۇماندار شۇ X ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىركىشىشكە ئۇرۇنماقچى بولغىنىدا گىراناتتا پارتلاپ ئۆلگەن. يېڭى جۇڭگو جامائەت خەۋپسىزلىكى تارىخىدىكى بۇ مەيدان ئەڭ ئېچىنىشلىق ساقچى - باندىت ئېتىشىشى ئاخىر ساقچى تەرەپنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان، ھالبۇكى، قۇربان بولغان ئالتە قەھرىمان ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ۋەسىيىتىنىمۇ قالدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن.

بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا قۇربان بولغان بەش خەلق ساقچىسى، بىر قانۇن ساقچىسىغا شۇ چاغدىكى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بېرىلگەن، 1979 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن، قۇربانلارنىڭ جەسەت كۈلى تېيلىڭ لۇڭشۇشەندىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

چەيخېيەن ئۇرۇشىدىكى بەش نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمان - قۇربان ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرى سۆيۈملۈك ئادەمنىڭ ئىسسىقىنى بىلەن بايان قىلىنغان شەرىپى ۋە ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 ئادەم ئورنىغا چىقىش، ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنىش، قىسمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تېيلىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا قوشۇلدى. قۇربان شۇ جىنفانىڭ نەۋرىسى ئەنگلىيەدە ماگىسترلىق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە ئىمتىھان بېرىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا كىرىپ، تېيلىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى بەرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)